## 156033 ـ يىپتەك قان ئارىلاشقان ئاجرالما(تەرگە ئوخشاش نەرسىلەر) كەلسە قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

### سوئال

مەندىن ئاپپاق تەرگە ئوخشاش ئاجرالمىلار كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يىپتەك قان بار، مېنىڭ ئايلىق ئادىتىم كەلمىگىلى ئىككى ئايچە بولدى، هازىر ئايلىق ئادەت كېلىدىغان ۋاقتىم، مەن بۇنىڭ هەيز ئەمەس ئىكەنلىكىنى سىزىۋاتىمەن، مەن بۇ هالەتتە روزا تۇتسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاهقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاه تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

هەيز دېگەن ئاياللارغا تونۇشلۇق بولغان ئېقىپ چۈشىدىغان قان بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام پاتىمە بىنتى ئەبى هۇبەيشكە: هەقىقەتەن هەيز دېگەن ئاياللارغا تونۇشلۇق بولغان قارامتۇل قان بولۇپ، قان شۇنداق هالەتتە كەلسە، ناماز ئوقۇمايسىز، ئەگەر باشقا رەڭدە كەلسە، ئۇ ۋاقىتتا تاهارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيسىز، دېگەن. [نىسائى رىۋايىتى 216-هەدىس. بۇ هەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەهىمەهۇللاھ  نىسائىينىڭ سەھىھ هەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

هەيزنىڭ ئالامىتى ئاياللارغا مەخپى ئەمەس، رەڭ تەرەپتىن قارا ياكى قارامتۇل كېلىدۇ، پۇرىقى بىر خىل سېسىق پۇراقتەك بولىدۇ، قويۇق كېلىدۇ، بالىياتقۇدىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئۇ تامچە-تامچە بولمايدۇ ۋە يىپتەك بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەهىمەهۇللاھدىن: ئايالدىن رامىزاننىڭ كۈندۈزدە ئاز بىر تامچە قان كەلسە، بۇنداق قان كېلىش ئىشى رامىزان ئاخىرلاشقىچە داۋاملاشقان بولسا، ئۇ ئايالمۇ روزىنى تۇتىۋەرگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "شۇنداق ئۇ ئايالنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ، چۈنكى بۇ تامچىلار پەقەت تومۇردىن كەلگەن تامچىلاردۇر، ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەردە: بۇ تامچىلار بۇرۇندىن چىققان قانغا ئوخشايدۇ. هەيز هېسابلانمايدۇ دېيىلگەن. ["هەيز توغرىسىدىكى ئاتمىش سوئال" ناملىق ئەسەر 6-بەت].

شۇنىڭغا ئاساسەن سىزدىن كەلگەن نەرسە هەيز هېسابلانمايدۇ، بەلكىم سىزنىڭ روزىنى داۋاملاشتۇرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

هەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاه تائالادۇر.